# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى

(بېشى 7 ـ بەتتە)

(3) ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىش مۇساپىسىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىش. تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى. ئىككى قىرغاقنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش توغرىسىدا تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككى قىرغاقنىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىككى قىرغاقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»غا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تىنچ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنىدۇ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكى، دىنىي ئېتىقادى، قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش تىنچ خەلقئارا مۇھىت ۋە ياخشى تاشقى شارائىتقا موھتاج. دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(1) پارتىيەنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. دىپلوماتىيە چوڭ ھوقۇقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدا بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىپلوماتىيە چوڭ سىياسەت ـ فاڭجېنى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. چەت ئەلگە چېتىشلىق تۈزۈلمە ـ مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، ئارمىيە، يەرلىك، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ تاشقى ئالاقىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك تاشقى خىزمەت چوڭ ھەمكارلىق ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. چەت ئەلگە چېتىشلىق قانۇنچىللىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلگە چېتىشلىق خىزمەت، قانۇن ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خەلقئارا قانۇننى تەتقىق قىلىش ۋە تەتبىقلاشنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلگە چېتىشلىق خىزمەتنىڭ قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(2) ھەر تەرەپلىمە دىپلوماتىيە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. تىنچ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتلەرنى چوڭ ـ كىچىك، كۈچلۈك ـ ئاجىز، باي ـ نامرات دەپ ئايرىماي باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل ـ ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقنى قوغداپ، بارلىق شەكىلدىكى زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. سۆزلىشىش، كېڭىشىش، تىنچلىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق خەلقئارا تالاش ـ تارتىش ۋە قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھە دېسىلا قورال كۈچى ئىشلىتىش ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك. مۇداپىئە خاراكتېرلىك دۆلەت مۇداپىئە سىياسىتى يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەڭگۈ زومىگەر بولماي، مەڭگۈ كېڭەيمىچىلىك قىلماي، مەڭگۈ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم كۈچ بولۇش كېرەك.

(3) ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش. ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنگەن يۇقىرى ئۆلچەمدىكى ئەركىن سودا رايونى تورى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى قوللاپ، پۈتۈن دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، رەقەم ھاڭ قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ بىخەتەرلىك كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چەت ئەلدىكى مەنپەئەتنى قوغداش ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن سىگنال بېرىش مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كونسۇل قوغداش خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت ئەلدىكى قېرىنداشلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە يوللۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، مۇھىم، زور تۈرلەر ۋە خادىملار، ئاپپاراتلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

(4) يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئورتاق، ئەمما پەرقلىق مەسئۇلىيەت، ئادىللىق، ئۆز ئىقتىدارى قاتارلىق پرىنسىپلار ئاساسىدا كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشتىكى يادرولۇق ئورنىنى قوغداپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق سۇپىلارنىڭ مېخانىزملىشىش قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق بولغان خەلقئارا ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## ئون تۆتىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسى پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى. جەزمەن پارتىيە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ كەسكىنلىكى، ماسلىشىشچانلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىپ، تەدبىر بەلگىلەش ئىلمىي، ئىجرا قىلىش قەتئىي، نازارەت قىلىش كۈچلۈك بولغان ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىرىنچى قول»غا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەڭ دەرىجىلىككە بولغان نازارەتچىلىكتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ھەمدە مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللىشىش، ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، نازارەت قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىنتىزام نازارەتچىلىكى، رېۋىزىيە نازارەتچىلىكى، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى، كۆزىتىش نازارەتچىلىكىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ـ ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكى، دېموكراتىك نازارەتچىلىك، مەمۇرىي نازارەتچىلىك، قانۇن يۈرگۈزۈش نازارەتچىلىكى، ئاممىۋى نازارەتچىلىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكى، ئىستاتىستىكا نازارەتچىلىكىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى ئاساسىي يېتەكچى قىلىپ، تۈرلۈك نازارەتچىلىكنىڭ ئورگانىك تۇتىشىشى، ئۆزئارا ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(2) ھوقۇقنىڭ تەقسىملىنىش ۋە يۈرۈشۈشىنى چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى قانۇندا بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش، ئىش ئورنىنى ئايرىپ ھوقۇق تەقسىم قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھوقۇق بېرىش، قەرەللىك ھالدا ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھوقۇق چېگراسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھوقۇق چەكلىمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇقنى ئاشكارا ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، قانۇن يۈرگۈزۈش ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىش بېجىرىشتە ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزگەندە سۈرۈشتۈرۈشكە، تەكشۈرۈشكە بولىدىغان قايتما ئىنكاس مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلىلەرنى بايقاش، چەتنەپ كەتكەنلەرنى تۈزىتىش، مەسئۇلىيەتنى دەل جايىدا سۈرۈشتۈرۈش ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق ئىجارىكەشلىكى بوشلۇقىنى تارايتىش كېرەك.

(3) چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق، چىرىكلىشەلمەسلىك، چىرىكلىشىشنى ئويلىماسلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىدىغان تۈزۈلمە مېخانىزمى بەرپا قىلىش. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي مەسىلە ۋە ئىقتىسادىي مەسىلە گىرەلىشىپ كەتكەن چىرىكلىك دېلولىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، «قورشاپ ئوۋلاش» ۋە «قورشاپ ئوۋلىنىش»قا رازى بولىدىغان مەنپەئەت زەنجىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى مۇناسىۋەت تورىنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قۇرۇلۇش قىلىش، بايلىق ئېچىش، پۇل مۇئامىلە كرېدىتى، ئاممىۋى بايلىق سودىسى، ئامماۋى مالىيە چىقىمى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە دۆلەت قانۇن چىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

## ئون بەشىنچى، پارتىيەنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، يىراق ـ يېقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۈزۈمنىڭ ھاياتى كۈچى ئىجرا قىلىشتا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى ھەقىقىي تۈردە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا يېتەكلىشى كېرەك. نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈم ئىجراسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، تالالاپ قىلىش، ئۆزگەرتىپ قىلىش، يېرىم ـ يارتا قىلىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك.

تۈزۈم نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇشقا يېتەكلەپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. كەڭ كادىرلار، ئاممىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەنلىكى، تەستە قولغا كەلگەنلىكى، ئۇنى جەزمەن ھەسسىلەپ قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك؛ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، جەزمەن دۆلەت ئەھۋالىدىن چىقىش قىلىش، ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ ھەم ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن تارىخىي ۋارىسلىقنى ئىگىلەش، ھەم پارتىيە ۋە خەلقنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتتە بېسىپ ئۆتكەن يولى، توپلىغان تەجرىبىسى، شەكىللەندۈرگەن پرىنسىپىنى ئىگىلەش كېرەك، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ھەم بېكىنمە قاتمال كونا يولدا ماڭماي، شۇنداقلا بايراق ئالماشتۇرىدىغان قىڭغىر يولدىمۇ ماڭماي، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك.

ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى يېڭى دەۋردىكى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم، زور ۋەزىپىسى قىلىش كېرەك. ئىدىيەدە تاۋلىنىش، سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىش، كەسپىي مەشقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلارنىڭ قەتئىي تۈردە تۈزۈم بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى، ھوقۇق يۈرگۈزۈشى، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى كادىرلار ئۆلچىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توغرا ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش كۈچى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش كېرەك. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىختىساسلىقلار تۈزۈمى ۋە سىياسىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى قوشۇشنى قوللاش كېرەك.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈزۈم، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتا زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سادىقلىق روھى بىلەن ھاياتلىق جاسارىتى ناخشىسىنى يېزىش

## ـــ خەلق قوغدىغۇچىسى ما جيەنجۈن توغرىسىدا

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ئايىنۇر)** يۇرت ـ ماكانىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ما جيەنجۈن 35 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بىر خەلق ساقچىسى، بىر سادىقلىق روھى ھېكايىسى، بىر خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان قەلب، بۇ قىسقىغىنا ھاياتتا، خەلق قوغدىغۇچىسى ما جيەنجۈن نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرنى يازدى.

ما جيەنجۈن (1959 ـــ 1994)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ماناس ناھىيەسىدىن، خۇيزۇ، 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1987 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا ماناس ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى بولغان. 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، پىچاق كۆتۈرۈۋالغان قاراقچىنى تۇتۇش جەريانىدا، ما جيەنجۈن 35 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ما جيەنجۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمانلار ئۈلگىسى نامى تولۇقلاپ بېرىلگەن.

ما جيەنجۈننىڭ كىشىلىك ھاياتى 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچ سائەت 23تە ئاخىرلاشتى.

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش پەسلى بولغاچقا، بىر ئايدىن بۇيان، گەرچە ئۆيى بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىنۇتلۇق يول بولسىمۇ، ما جيەنجۈن ئۆيىگە پەقەت ئىككى قېتىملا قايتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، دادىسى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كۆرۈپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى، ئەسلىدە ئۇ بالدۇرراق قايتىپ كەتسە بولاتتى، لېكىن ئۇ ئاغرىپ قالغان جداۋ. يۆەننى ئۆيىگە ئارام ئېلىشقا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يەنە بىر ئىسمېنا ئىشلىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، نۆۋەتچى ئىشخانىنىڭ ئاپتوماتىك ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئەسۋابى تۇيۇقسىز سايراپ كەتتى، مەلۇم قىلىنغان ئەھۋالنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىندىن كەلگەنلىكى كۆرۈندى. ما جيەنجۈن باشقا بىر خەلق ساقچىسىنى باشلاپ قاپقاراڭغۇ ئۆيگە كىرگەندە، قارانىيەت قاراڭغۇدا پىچاقنى شىلتىپ قالايمىقان تىقتى. ما جيەنجۈن ئىككى قارانىيەت بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، بەدىنىنىڭ نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پىچاق قورساق قىسمىغا، بىر پىچاق يۈرىكىگە تىقىلدى...

يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن، ما جيەنجۈن دېلو نەق مەيدانىدا قۇربان بولدى.

15 يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا، ئۇ خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېتىقادى بىلەن قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىلىرىنى يازدى.

ماناس ناھىيەسى بازار رايونىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ، دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى پۈتۈن ناھىيەنىڭ %53نى ئىگىلەيتتى، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتكومى ما جيەنجۈننى بازارلىق ساقچىخانىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن قىسقىغىنا يەتتە ئايدا، جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشىلاندى. يەرلىكتىكى پۇقرالار ئارىسىدا مۇنداق گەپ تارقالدى: «يامان يولغا ماڭغان ياشلار ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ما جيەنجۈننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا بېشى قاتىدۇ، ما جيەنجۈننى كۆرسىلا ئىككى پۇتى تىترەيدۇ».

1983 ـ يىلى، ماناس ناھىيەلىك يىغىۋېلىش پونكىتى بىر تۈركۈم يامان يولغا ماڭغان ياشلار ۋە ئېقىپ يۈرگەنلەرنى قامىدى، ما جيەنجۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىرتتا ئېقىپ يۈرگەن بىرسىنىڭ بىر زور ئوغرىلىق شايكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆزى يالغۇز جىنايەت شايكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سۇقۇنۇپ كىردى. تۈرلۈك سىناقلار ئارقىلىق، ما جيەنجۈن ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، بۇ جىنايەت شايكىسىنىڭ زور مىقداردىكى جىنايەت پاكىتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى بىراقلا تۇتتى...

«خەلق ئاممىسى بىزنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاتا ـ ئانىمىز، بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاساسى، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش بىز ساقچىلارنىڭ بۇرچى» دەيتتى ما جيەنجۈن دائىم.

ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن «قەلبنى ئىللىتىدىغان ئىشلار»نى قىلدى: خەنزۇ بوۋاي دۇ جياشياڭ ۋە ئۇنىڭ رۇس خوتۇنىنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، تۇرمۇشتا يۆلەنچۈكى يوق ئىدى، ما جيەنجۈن خۇددى ئۆزىنىڭ تۇغقىنىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، بۇ ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىشنى كۆپ يىل داۋاملاشتۇردى، ئۇلارغا ئۇن، گۈرۈچ ئېلىپ بەردى، سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، بىشنى يۇيۇپ، چېچىنى ياساپ، تازىلىقنى قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغىچە قىلدى...

1987 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، 18 ـ كۈنى ماناس ناھىيەسىدە ئۇدا ئىككى قېتىم قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى. ما جيەنجۈن بۇيرۇققا بىنائەن خېنەنگە بېرىپ جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى. جېڭجوۋدا پويىزدىن چۈشۈپ ئۇدۇل فۇگوۋ ناھىيەسىگە باردى، ئادەمنى تۇتقان شۇ كۈنىلا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. بېرىپ كېلىشتە پويىزدا ۋە ئاپتوموبىلدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇردى، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇدا نەچچە كۈن قاتتىق قىزىپ قالدى.

1989 ـ يىلدىكى بىر قەھرىتان كېچىدە، سىرتتىن ماناسقا تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ قايتىۋاتقان ما جيەنجۈن قۇتقۇزۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆستەڭگە سەكرەپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، يەنە ئۇنى ساقچىخانا ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېلىپ ئىسسىندۇرۇپ، كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ، تاماق تەييارلىدى، ئۆيىگە قايتىش بېلىتىنى ئېلىپ بەردى. 1993 ـ يىلى، ماناس ناھىيەسىنىڭ ئىتتىپاق يولىدىكى ئائىلە جوۋ لىپىڭنىڭ ئۆيىگە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت كەتتى، ئېرى ئۆيدە بولمىغاچقا، جوۋ لىپىڭ بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە تىت ـ تىت بولۇپ يىغلاپ كەتتى، ما جيەنجۈن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتئىيلىك بىلەن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، ھەرقاچان پارتلاش خەتىرى بولغان ئىككى كۆمۈر گازى تۇڭنى كۆتۈرۈپ چىقتى...

ئۇزاق يىل نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىگەن ما جيەنجۈن ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، دوختۇر ئۇنى كۆپ قېتىم كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھەمىشە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خىزمەتكە ئاتىدى، ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ قويمىدى. بەزىدە جۇقۇق كېسىلى قوزغىلىپ قالسا، ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، داۋاملىق چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى.

قۇربان بولغان ئاشۇ كۈنى ھەپتە ئاخىرى بولۇپ، ئۇ يەنىلا ئالدىراشلىقتىن ئائىلىسىگە يېتىشىپ بولالمىدى، بۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەپسۇسلىنىشى بولۇپ قالدى. لېكىن، يەرلىكتىكى ئامما بۇ قەھرىماننى ئېسىدە ساقلىدى. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدى گۈلچەمبىرەكى، گۈل سېۋەتلىرىگە لىق تولۇپ كېتىدۇ.